# مەسىلە يۆنىلىشى گەۋدىلەندۈرۈلدى تۈزىتىشتە ئەمەلىي ئۈنۈم كۆزلەندى

(بېشى 1 - بەتتە)

«غايە - ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش، پارتىيەنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاش، ئورگان ئىستىلىنى ياخشىلاش، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش، پاك - دۇرۇس بولۇشنى ساقلاش»تىن ئىبارەت بەش چوڭ مەخسۇس تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، خىزمەتلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش، مەخسۇس تور بويىچە تەكشۈرۈش، كۆزىتىش - تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق مەسىلە تىزىملىكى شەكىللەندۈرۈپ، تورمۇتور تۈزەتتى، ئەمەلىيلەشتۈردى. پىكىر ئېلىش جەدۋىلى، پىكىر ساندۇقى تەسىس قىلىش، ياش كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، پېشقەدەم كادىرلار بىلەن سۆھبەتلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ قايتا ئويلىنىپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى پارتكومى ئەدلىيە نازارىتى پارتكومى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىدىيەدە تېخىمۇ ئېنىق، تونۇشتا تېخىمۇ توغرا، ھەرىكەتتە تېخىمۇ قەتئىي بولدۇق. ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى فۇنكسىيەسىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئادا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى بولغان ئومۇمىي مەنپەئەتدار - باراۋەر، قولايلىق - يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەقلىي ئىقتىدارلىق - دەل جايىدا بولغان ئامما قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئەدلىيە مەمۇرىيىتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى سىناش كېرەك.

**■ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ پەرقىنى تېپىپ چىقىش**

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسى باشتىن - ئاخىر ھەقىقىي تۇتۇش، ھەقىقىي قاتتىق بولۇش، ھەقىقىي تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشتە «توغرا بولۇش»، قاتتىق مۇشت بىلەن تۈزىتىشتە «كۈچلۈك بولۇش»، بوشاشماي كۈرەش قىلىشتا «چىداملىق بولۇش»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈزىتىش ئۆلچىمىنىڭ تېخىمۇ بىر قاتلام يۇقىرى بولۇشى، تۈزىتىش تەدبىرىنىڭ تېخىمۇ قاتتىقراق بولۇشى، تۈزىتىش سۈرئىتىنىڭ تېخىمۇ تېزرەك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئۆلچەش ئۆلچىمى قىلدى.

مەسىلە تىزىملىكى بەرپا قىلىپ، نىشان تۇرغۇزۇش، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش. ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى بەنزىلىرى «ئەمەلىي بولۇش»قا قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىش ئاساسىدا مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىش ۋە تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالغان تۈرلۈك پىكىر - تەكلىپلەرنى رەتلەپ چىقىپ «تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمەت لايىھەسى»گە كىرگۈزۈپ، تىزىملىك تۈزۈپ، ئالغا سىلجىتىش پىلانىنى تۈرگە ئايرىپ بېكىتىپ، تۈگۈننى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسى قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، «پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش» «تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، پىكىر - تەكلىپلەرنى كەڭ دائىرىدە ئاڭلىدى. ھەربىر بەنزە ئەزاسى ئىدىيە، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، مەسئۇل تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ خىزمەتتىكى كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەرنى ماددىمۇماددا تەھلىل قىلىپ، بىرمۇبىر كېسەلگە قاراپ تۈزەتتى.

**■ قائىدە - تۈزۈم تۇرغۇزۇپ تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى ھۆججەتنى تۈزۈپ تارقىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرقايسى جايلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت تارقىتىش مىقدارىنى قىسقارتىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، يىغىننىڭ سانىنى قىسقارتىپ، ئوخشاش تۈردىكى خىزمەت ۋەزىپىسىگە قارىتا تەكرار ھۆججەت تارقىتىشتىن ساقلاندى. ئاساسىي قاتلام جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئوتتۇرىغا قويغان كەسپىيلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش ئېھتىياجىغا قارىتا، تەربىيەلەش لايىھەسى ھەم پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈپ، ساقچى تۈرلىرىنى كەسپىيلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تەربىيەلەش شەكلىنى مولالاشتۇرۇپ، تەربىيەلەشنىڭ قاراتمىلىقىنى ئۆستۈردى.

سىياسىي قۇرۇلۇش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئۆگىنىش ئىستىلى، يېزىقچىلىق ئىستىلى، يىغىن ئىستىلى، خەلق ئاممىسى ئىنكاس قىلغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر قاتارلىق جەھەتلەردە، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، تۈزىتىش لايىھەسىنى تۈزۈپ، باشلامچىلىق قىلىدىغان رەھبەر، مەسئۇل تارماق، تاماملاش ۋاقىت - چېكىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسى «پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەپتىش قوشۇنىدا پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاساسىي تەدبىرى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» قاتارلىق خىزمەت تەدبىرلىرىنى تۈزدى، ئورگاندىكى ھەرقايسى تارماقلار باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىچكى قىسىمدا تەسىس قىلىنغان ئاپپارات ئىسلاھاتىنى پۇرسەت بىلىپ، كادىر - ساقچىلارنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتەك ئالغا ئىنتىلىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، تۈرلۈك تەپتىش خىزمىتىدە يېڭى كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئوچېرىك، خاتىرە قاتارلىق 129 پارچە نۇقتىلىق ماقالە، 240 پارچە نادىر سۈرەت كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نەچچە يۈز مەيدان مۇھىم يىغىن، مۇھىم، زور پائالىيەتكە قاتناشقاندىكى، نەچچە ئون ئۆلكە، رايون، شەھەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىكى، بەش قىتئەدىكى نەچچە ئون دۆلەتكە زىيارەتكە چىققان چاغدىكى ئېسىل كۆرۈنۈشلەر ھەقىقىي خاتىرىلىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ئومۇمنى كۆزلەپ، پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلغانلىقىدەك بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغانلىقى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىنغان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئەمەلىيەت مەنتىقىسى ۋە چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنى چوڭقۇر شەرھلەنگەن.

---

# ئەزا تەقدىم قىلىش: ھاياتلىقنى «كۆچ ئۇلاپ» ئىلگىرىلىتىش

(بېشى 1 - بەتتە)

سابىرجان بۇ قىممەتلىك بۆرەك بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك «كۆچ ئۇلدى». ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى جۈملە سۆزى «مېنى قۇتقۇزغان كىشى زادى كىم؟» بولدى. دوختۇر «بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى» دەپ جاۋاب بەردى.

خەلقئارا ئادەت بويىچە، ئاغرىقنىڭ شەخسىي سىرلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەزالارنى تەقدىم قىلىشنى تەشكىللەشتە «قوش خىرە پرىنسىپ»، يەنى تەقدىم قىلغۇچى تەرەپ، تەقدىم قىلىشنى قوبۇل قىلغۇچى تەرەپنىڭ ئۆزئارا ئۇچۇرىنى ئاشكارىلىماسلىقىغا ئەمەل قىلىش كېرەك. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى قەلبىگە پۈككەن سابىرجان چوقۇم تەقدىم قىلغۇچىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ياردىمىدە، تەن مىننىڭ دادىسى تەن يۈەنشىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى سابىرجان ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇپ، ئۆزئارا تونۇشۇپ ئۇرۇق - تۇغقان بولۇشتى. سابىرجاننىڭ ئانىسى قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇراسىمى بويىچە قىممەتلىك تۇغقانلىشىش سوۋغىسى تەقدىم قىلدى.

«سىلەرگە رەھمەت، مەن سىلەرنى سۆيىمەن! دادا! ئانا!» سابىرجاننىڭ «دادا» «ئانا» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىغان چاغدا، ساددا كەلگەن تەن دادىنىڭ كۆز ياشلىرى سىرغىپ چۈشتى، ئۇ سابىرجاننى چىڭ قۇچاقلاپ مۇنداق دېدى: «سىز بىزنىڭ بالىمىز، ئۆمرىڭىزنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. سىز چوقۇم تەن مىننىڭ بۆرىكى بىلەن ساغلام ياشاڭ...»

سابىرجان بۈگۈنكى كۈندە ۋوجياچۇ شەھىرىدە نېمكەش ئاپتوموبىللارنى يارىدەملىشىپ سېتىش دۇكىنى ئېچىۋالغان بولۇپ، سودىسى جانلىنىپ كەتكەندى. تېنىمۇ ئوپېراتسىيە قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىكىدىن خېلىلا ساغلام بولۇپ قالغانىدى. تېنىنىڭ تەدرىجىي ساغلاملىشىشى ئۇنى ياشاش ئىشەنچىگە ئىگە قىلدى، ھازىر كەسپى بار بولدى، يەنە دادا بولىدىغان بولدى، ئۇ كۈنبويى ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىدىغان بولدى.

«ئەزا تەقدىم قىلغان ئاق كۆڭۈل كىشى بولغاچقىلا، مەن تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنالىدىم. كېيىن مەنمۇ ئەزا تەقدىم قىلىمەن.» سابىرجان ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى ئېيتتى.

گې شيۇيىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە قولىنى قورساق قىسمىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇپ، پەردىنى ئېچىۋېتىپ، سەھەردىكى تۇنجى قۇياش نۇرىغا قاراپ مۇنداق دەيدۇ: «خەيرلىك سەھەر، يىگىت، بۈگۈن يەنە بىر گۈزەل كۈن بولدى».

65 ياشلىق گې شيۇيىڭ ئۆزىنىڭ يېشىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «مەن ئۈچ ياشقا كىردىم!»

ئۈچ يىل ئىلگىرى، جىگەر - قورساقتا سۇ چۈشۈش كېسەللىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كېلىپ قالغان گې شيۇيىڭ ھاياتىم ئاخىرلاشتى، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن، بىر يىگىت جىگىرىنى تەقدىم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتى. گې شيۇيىڭ 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۆزىنىڭ ئەزا كۆچۈرۈشنى قوبۇل قىلغان كۈنىنى تۇغۇلغان كۈنى قىلىپ بېكىتتى. ھەر يىلى مۇشۇ كۈندە، ئۇ تۇغۇلغان كۈن تورتىنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا بېرىپ، دوختۇر - سېستىرالار بىلەن بىرلىكتە تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەيدۇ. گې شيۇيىڭ بۇ ھاياتلىق سوۋغىسىغا قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەي، ئىلگىرى پەقەت كۆرۈپ باقمىغان «يىگىت»نى «ئېلىپ»، دائىم ۋەتەننىڭ تاغ - دەريالىرىنى ساياھەت قىلدى.

ھەر قېتىم بىر جايغا بارغاندا، گې شيۇيىڭ قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ «ئۇ»نىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «قاراڭ، بىز بۇ يەرگە كەلدۇق، نېمىدېگەن گۈزەل ھە...»

گې شيۇيىڭ مۇنداق دېدى: «بىر ئادەمنىڭ ئەزاسى يەنە بىر ئادەمنىڭ تېنىدە ھاياتلىق ساقلىسا، مانا بۇ ‹قان قېرىنداشلىق› بولىدۇ!»

**■ ھاياتلىق باشقا خىل ئۇسۇل بىلەن قايتىدىن پورەكلىدى**

«سۆيۈملۈك دادا سىزنى سېغىندىم، گەرچە سىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمىسەممۇ، لېكىن مەن سىزنىڭ بۇ گۈزەل دۇنيانى ‹كۆرەلەيدىغانلىقىڭىزنى› بىلىمەن، گەرچە سىز مېنىڭ چوڭ بولۇشۇمغا ھەمراھ بولالمىسىڭىزمۇ، ئەمما سىزنىڭ چوقۇم مەن ۋە ئانامنىڭ سىزگە بولغان سېغىنىشىمىزنى ھېس قىلالايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن... بۇ مەۋسۇمدىكى مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا، تۆت پەننىڭ ھەممىسىدە بىرىنچى بولدۇم...» يازلىق تەتىل كەلدى، سەككىز ياشلىق شياۋ ۋېنخاۋ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىغا بىر پارچە خەت يازدى: «سىز مېنىڭ ئەڭ قالتىس دادام. مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن، چوقۇم سىزگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ئادەم بولىمەن.» ئوقۇپ ئاخىرىغا كەلگەندە، شياۋ ۋېنخاۋ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، بىر چەتتىكى ئانىسى لى چۈنخۇڭ دەرھال يۈزىدىن سىرغىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتتى.

ساۋەن ناھىيەسىدىكى دېھقان لى چۈنخۇڭنىڭ ئانچە ساۋاتى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ مۇھەببەتنى ئەڭ چۈشىنىدۇ. ئۇ 2016 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بولۇپ، لى چۈنخۇڭ ئېرى ۋاڭ زىرۇڭنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى قايتا كۆرەلمىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ تۇيۇقسىز ئايلىنىپ قېلىشىنى، ئۇنى ساقلاپ دوختۇرخانىغا يېتىپ بارغاندا دوختۇرنىڭ ئېرىنى «مېڭىسى ئۆلگەن» دەپ ئېلان قىلىشىنى ئويدىلاپمۇ باقمىغانىدى. ئېرى بىلەن ھەمدەم بولۇپ سەككىز يىل بىللە ئۆتكەن ئۇ ئېرىنىڭ ئەزالىرىنى تەقدىم قىلىش قارارىنى چىقاردى.

«ئېرىم ھايات ۋاقتىدا بىر دوستىنىڭ كۆز مۈگۈز پەردىسىنى تەقدىم قىلغانلىقىنى بىلگەندە، ئۇ، ئەگەر بىر ئادەم تېخىمۇ كۆپ ئائىلىلەرگە گۈزەللىك ئاتا قىلالىسا، ئادەم بۇ ھاياتتا بىكار ياشىمىغان بولىدۇ، دېگەنىدى، مەن ئۇنىڭ ئارزۇسىنى تاماملىشىغا ياردەم بەردىم.» دېدى لى چۈنخۇڭ. كېيىن ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتىدىن ئېرى تەقدىم قىلغان بىر جۈپ كۆز مۈگۈز پەردىسىنىڭ ئىككى ئاغرىقنى قايتا يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرگەنلىكىنى، جىگىرىنىڭ بىر ئاغرىقنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى بىلدى.

«گەرچە مەن ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمىسەممۇ، بىراق مەن ئېرىمنىڭ بۇ دۇنيانى كۆرەلەيدىغانلىقىنى بىلىمەن.» لى چۈنخۇڭ ئېرى ئالەمدىن ئۆتۈپ تۆت ئايدىن كېيىن، «ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالارنى تەقدىم قىلىش جەدۋىلى»نى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلىپ تولدۇرۇپ، ئۆزىمۇ ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالارنى تەقدىم قىلغۇچى پىدائىيغا ئايلاندى.

ئەگەر بىر قېتىملىق ئاپتوموبىل ۋەقەسى بولمىغان بولسا، ئىبرايىم تۇرمەمەت بەلكىم يېڭى سومكىسىنى تەييارلاپ، 9 - ئايدا ئوقۇش باشلانغاندا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى.

2017 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، خوتۇنىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئىشلىگىلى كەلگەن گۇما ناھىيەسىدىكى دېھقان تۇرمەمەت مەتىمىن ئوغلى ئىبرايىمنىڭ ئاپتوموبىل ۋەقەسىگە ئۇچرىغانلىقىدىن تۇيۇقسىز خەۋەر تاپتى. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتتى.

«ئەزا تەقدىم قىلىشقا قوشۇلىمەن!» بۇ مۈشكۈل ھەم ئازابلىق بىر قارار ئىدى، تۇرمەمەتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوستلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق قوشۇلدى. «ئېسىمدە قېلىشىچە بىر يۇرتدىشىمىز بۆرەك زەئىپلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئىنچىل بۆرەك ئالماشتۇرۇشنى كۈتۈۋاتقان ئىكەن، ئەگەر بىزنىڭ بالىمىزنى قۇتقۇزۇشقا ئىمكان بولمىسا، يەنە ئەزا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللەرگە ياردەم قىلغىلى بولىدىكەن.» تۇرمەمەت ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى خوتۇنىغا ئېيتتى، خوتۇنى ئازابلىنىپ يىغلاپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلدى.

2017 - يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، كىچىك ئىبرايىمنىڭ ئەزالىرى جىگەر كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بېيجىڭلىق بىر كىشىگە، كۆز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان گۇاڭجۇلۇق ئىككى بالىغا ھەمدە بۆرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان شىنجاڭلىق ئىككى كىشىگە كۆچۈرۈلدى.

**■ بۇ ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلىشىشى ئەمەس، بەلكى ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى**

«مەن ئايرىلغاندا مۇھەببىتىمنى بۇ دۇنياغا قالدۇرۇشنى خالايمەن.» بۇ 2016 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى دۇڭشەن ئېكولوگىيە باغچىسىغا ياسالغان ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالارنى تەقدىم قىلىش خاتىرە تېشىدىكى بىر جۈملە سۆز.

بۇ خاتىرە تېشىغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى ئەزا تەقدىم قىلغۇچى خې نانانىڭ 16 ياشلىق چېچەك پەسلىدىكى چىرايى، ئەڭ كىچىك تەقدىم قىلغۇچى شۈ شياڭرۇنىڭ گۆدەك قىياپىتى، يېشى ئەڭ چوڭ 73 ياشلىق جاڭ رۇڭلەننىڭ ئىسمى، يەنە دالياڭشەندىن شىنجاڭغا كەلگەن يېزۇ مىللىتىدىن بولغان پاختا تەرگۈچى جىزى مۇبەزو، ياش كومپارتىيە ئەزاسى ھەبىبۇللا ئاتاۋۇللانىڭ ئىسمى ئويۇلغانىدى...

ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالارنى تەقدىم قىلىشنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ خېيفېڭنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ئۇ ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن تەقدىم قىلغۇچى شياۋ رۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەم پۇلىنى ئىلتىماس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ ياش ئەر - خوتۇن ئىلتىماسنى تولدۇرۇپ، ياردەم پۇل ئالغاندىن كېيىن، لۇ خېيفېڭغا بۇ پۇلنى بالىنىڭ ئەزاسىنى قوبۇل قىلىدىغان ئائىلىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان. «بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، بۇنداق بولغاندا بالىمۇ ياخشىراق ياشىيالايدۇ.» بۇ ئاددىي تاپشۇرۇق كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەزا تەقدىم قىلىشنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان لۇ خېيفېڭغا مۇھەببەتنىڭ ئاددىي - ساددىلىق بىلەن ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدۇردى.

بۇ تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ ھېكايىسىنى تىلغا ئالغاندا، لۇ خېيفېڭ ھەممىنى بەش قولدەك بىلىدۇ. ئۇ دائىم خاتىرە باغچىسىغا كېلىپ، جەسەت كۈلى دەپنە قىلىنغان رايوندا بىر دەستە گۈلنى ئېلىپ، ئۇلارغا گەپ قىلاتتى. «شياۋ ئاچا، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا لاۋ لىۋ بىلەن بىرگە تاماق يېدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، سىزنى بەك سېغىندى، لاۋ لىۋ يېنىڭىزدىكى قەبرىنى ئۇنىڭغا ياكى بالىغا قالدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇلارمۇ كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ سىزگە ھەمراھ بولىدىكەن.» لۇ خېيفېڭ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تەقدىم قىلغۇچى شياۋ شىنپىڭنىڭ ئىسمىنى قولى بىلەن سۈرتتى.

ھەر يىلى چىڭمىڭ بايرىمىدا، بۇ يەردە ئەزا تەقدىم قىلغۇچىلارنى ياد ئېتىش، خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ، خاتىرىلەش باغچىسىمۇ ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيەسى ۋە قىزىل كرېست روھىنى تارقىتىدىغان يېڭى سۇپىغا ئايلاندى.

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 2013 - يىلى ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالارنى تەقدىم قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلانغان، نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئەزاسىنى تەقدىم قىلىشقا 6700 پىدائىي تىزىملاتقان، 55 قېتىم ئەزا تەقدىم قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، جىگەر، بۆرەك قاتارلىق ئەزالاردىن 141ى تەقدىم قىلىنىپ، بىر تۈركۈم ئاغرىقلار ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش، داۋالاشقا ئېرىشكەن.

«ئەزا تەقدىم قىلىپ ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇشتا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ شانلىق نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، نامايان قىلىدىغىنى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى قان قېرىنداشلىق، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش. بۇ خىل مۇھەببەت قېرىنداشلىق، دوستلۇق ۋە مۇھەببەتتىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، دۇنياغا بولغان بىر خىل ئۇلۇغ سۆيگۈ ھېسابلىنىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى ئابدۇرېھىم يۈسۈپ مۇنداق دېدى: ئەزا تەقدىم قىلىشقا بولغان تەسىرلىنىشنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلىنىشىنى، ھاياتلىقتا ۋەدە بولۇشىنى، ئۇلۇغ سۆيگۈنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.